بسم الله الرحمن الرحيم


# ئىسلام ئاۋازى

## 34- سان

(قوش ھەپتىلىك گېزىت)


# بۇلاقتىن تامچە

**الله تعالى** مۇنداق دەيدۇ: ﴿**يَا أَيُّهَا الَّذِينَ آمَنُوا إِذَا لَقِيتُمْ فِئَةً فَاثْبُتُوا وَاذْكُرُوا اللَّهَ كَثِيرًا لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ ۞ وَأَطِيعُوا اللَّهَ وَرَسُولَهُ وَلَا تَنَازَعُوا فَتَفْشَلُوا وَتَذْهَبَ رِيحُكُمْ وَاصْبِرُوا إِنَّ اللَّهَ مَعَ الصَّابِرِينَ ۞**﴾.

### ئايەتنىڭ تەرجىمىسى

«ئى مۇئمىنلەر! (مۇشرىكلاردىن) بىر جامائەگە (يەنى دۈشمەن قوشۇنىغا) ئۇچراشقان چېغىڭلاردا ساباتلىق كۆرسىتىڭلار، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىڭلار ئۈچۈن **الله** نى كۆپ ياد ئېتىڭلار [45]. (پۈتۈن سۆز-ھەرىكەتلىرىڭلاردا) **الله** قا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئىختىلاپ قىلىشماڭلار، بولمىسا (دۈشمەن بىلەن ئۇچرىشىشتىن) قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ-قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ؛ سەۋر قىلىڭلار، **الله** ھەقىقەتەن سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللىدۇر [46]» (سۈرە ئەنفال 45- ۋە 46- ئايەت).

### ئايەتنىڭ تەپسىرى

بۇ ئايەتنىڭ تەپسىرى ھەققىدە سەييىد قۇتۇب **رحمه الله** مۇنداق دەيدۇ: دىمەك، غەلىبىنىڭ ھەقىقىي ئامىللىرى:

بىرىنچى، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقاندا تەۋرەنمەي تۇرۇش؛ ئىككىنچى، زىكىر ئارقىلىق **الله** قا يېقىنلىشىش؛ ئۈچىنچى، **الله** ۋە **الله** نىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىش؛ تۆتىنچى، ئۆزئارا تالاش-تارتىش ۋە بۆلگۈنچىلىكتىن يىراق تۇرۇش؛ بەشىنچى، جەڭنىڭ ئېغىرچىلىقلىرىغا سەۋر قىلىش؛ ئالتىنچى، ھاكاۋۇرلۇق، رىياخورلوق ۋە زۇلۇملاردىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىش...

بىرىنچى، دۈشمەن بىلەن ئۇچراشقاندا تەۋرەنمەي تۇرۇش — غەلىبە يولىنىڭ باشلىنىشىدۇر چۈنكى ئىككى تەرەپنىڭ قايسىسى تەۋرەنمەي تۇرالىسا، ئەنە شۇ تەرەپ يەنە بىرىنىڭ ئۈستىدىن غالىب بولىدۇ. مۇئمىنلەر بىلمەيدۇكى، بەلكىم دۈشمەنلەرگە يەتكەن ئېغىرچىلىقلار مۇئمىنلەرنىڭكىدىنمۇ ئېغىر بولۇشى مۇمكىن. مۇئمىنلەر قىينالغاندەك دۈشمەنلەرمۇ قىينىلىدۇ لېكىن ئوخشىمايدىغان يېرى شۇكى، مۇئمىنلەر **الله** تىن ئارزۇ قىلىدىغان نەرسىنى دۈشمەنلەر ئارزۇ قىلمايدۇ شۇڭا قەدەملەرنى ۋە قەلبلەرنى مۇستەھكەم قىلىشقا سەۋەب بولىدىغان «**الله** نى ئارزۇ قىلىش»تىن ئىبارەت مەنىۋى ئوزۇق دۈشمەنلەردە يوق. ئەگەر مۇئمىنلەر ئازراق ۋاقىت تەۋرەنمەي ساباتلىق تۇرسىلا، دۈشمەنلىرىنىڭ روھى ئۆزلۈكىدىن سۇنىدۇ-دە، مەغلۇب بولىدۇ. مۇئمىنلەر يا شەھىدلىك، يا غەلىبە-نۇسرەتتىن ئىبارەت ئىككى ياخشىلىقنىڭ بىرىگە جەزمەن ئېرىشىدىغان تۇرسا، قايسى نەرسە ئۇلارنىڭ قەدەملىرىنى تەۋرىتەلىسۇن؟! ھالبۇكى، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرى پەقەت دۇنيا ھاياتىنىلا ئويلايدۇ. ئۇلار مۇشۇ ھاياتقا شۇنداق ھېرىسمەنكى، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بۇ دۇنيا ئارزۇسىدىن يۇقىرى بىر ئارزۇ ۋە بۇ ھاياتتىن باشقا ئېسىل بىر ھايات يوق.

ئىككىنچى، دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا **الله** نى كۆپ زىكىر قىلىش — مۇئمىنگە بېرىلگەن دائىملىق كۆرسەتمە بولۇپ، ئۇ مۇئمىنلەر گۇرۇھىنىڭ قەلبلىرىدە ھەر زامان مۇستەھكەم ئورۇن ئالغان تەلىماتتۇر. بۇ يوليورۇقنى قۇرئان كەرىم ئىمانىنىڭ ئۇزۇنغا سوزۇلغان تارىخىي كارۋىنىدىكى ئىسلام ئۈممىتى تارىخىدا بايان قىلىپ كەلگەن. مەسىلەن، فىرئەۋننىڭ سېھىرگەرلىرىنىڭ قەلبلىرى ئىمانغا ئۇشتۇمتۇت تەسلىم بولغاندا، فىرئەۋن ئۇلارغا زوراۋانلارچە ۋەھشىيانە قورقۇنچلۇق تەھدىتلەر بىلەن قارشى تۇردى. ئۇلار فىرئەۋننىڭ ئالدىدا مۇنداق دېيىشكەن ئىدى: «سەن بىزنى پەقەت پەرۋەردىگارىمىزنىڭ بىزگە نازىل قىلغان ئايەتلىرىگە ئىمان ئېيتقانلىقىمىز ئۈچۈنلا ئەيىبلەۋاتىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە سەۋر ئاتا قىلغىن، بىزنى مۇسۇلمان پېتىمىزچە قەبزى روھ قىلغىن» (سۈرە ئەئراف 126- ئايەت).

يەنە بىر مىسال — بەنى ئىسرائىلدىن بولغان ئازغىنە مۇئمىن گۇرۇھنىڭ جالۇت ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىغا روبىرو يۈزلەنگەن چاغدىكى ھالىتى. «ئۇلار جالۇت ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن ئۇچراشقان چاغدا: <پەرۋەردىگارىمىز! قەلبىمىزنى چىداملىقلىق بىلەن تولدۇرغىن، قەدەملىرىمىزنى (ئۇرۇش مەيدانىدا) ساباتلىق قىلغىن، كاپىر قەۋمگە قارشى بىزگە ياردەم بەرگىن> دېدى» (سۈرە بەقەرە 250- ئايەت)...

ئۇنىڭدىن باشقا، تارىخ جەريانىدىكى كۆپلىگەن مۇئمىن گۇرۇھلارنىڭ ۋەقەلىكلىرى. «نۇرغۇن پەيغەمبەرلەر بىلەن كۆپلىگەن خۇداگۇي ئۆلىمالار بىرلىكتە جەڭ قىلدى. ئۇلار **الله** يولىدا يەتكەن كۈلپەتلەردىن روھسىزلانمىدى، بوشاشمىدى، باش ئەگمىدى، **الله** ئۆزىنىڭ يولىدا دۇچ كەلگەن قىيىنچىلىقلارغا چىداشلىق بەرگۈچىلەرنى دوست تۇتىدۇ» (سۈرە ئال ئىمران 146- ئايەت)...

مانا بۇ تەلىمات مۇسۇلمان گۇرۇھىنىڭ قەلبىدە مۇستەھكەم ئورنىغان شۇڭا بۇ سۈپەت مۇشۇ گۇرۇھنىڭ دۈشمەنگە ئۇچراشقان چاغدىكى ئادىتىگە ئايلانغان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا، **الله** بىزگە ئۇھۇد ئۇرۇشىدا يارىلانغان مۇئمىن گۇرۇھنىڭ ھالىتىنى ھەم بايان قىلىپ كۆز ئالدىمىزدىغا ئېلىپ كەلمەكتە. ئەينى چاغدا ئىككىنچى كۈنى جەڭگە چىقىشقا چاقىرىلغاندا بۇ تەلىمات ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا ئىدى: «(مۇشرىكلار تەرەپدارى بولغان) ئادەملەر ئۇلارغا: <شەك-شۈبھىسىزكى، كىشىلەر (يەنى قۇرەيشلەر) سىلەرگە قارشى قوشۇن توپلىدى، ئۇلاردىن قورقۇڭلار> دېدى. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ ئىمانىنى كۈچەيتتى. ئۇلار: <بىزگە **الله** كۇپايە، **الله** نېمىدېگەن ياخشى ھامىي!> دېدى» (سۈرە ئال ئىمران 173- ئايەت)...

شۈبھىسىزكى، دۈشمەنگە ئۇچراشقاندا **الله** نى ئەسلەش بىز ئۈچۈن تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئورۇنلاپ بېرىدۇ. مەغلۇپ بولماس كۈچ-قۇدرەتكە باغلىنىش، ئۆزىنىڭ ئەۋلىيالىرىغا (يەنى يېقىن دوستلىرىغا) ياردەم بېرىدىغان **الله** قا ئىشەنچ قىلىش — دەل شۇ ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە جەڭنىڭ ھەقىقىتىنى، سەۋەبلىرىنى ۋە غايە-نىشانلىرىنى قەلبكە ھازىر قىلىشتۇر چۈنكى بۇ — **الله** ئۈچۈن، **الله** نىڭ ئەڭ ئالىي ھۆكۈمرانلىقىنى ئورنىتىش ئۈچۈن ۋە **الله** نىڭ ئىلاھلىق خۇسۇسىيىتىگە تاجاۋۇز قىلغان بۇلاڭچى تاغۇتلارنى قوغلاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان جەڭدۇر. بۇ جەڭ — ھۆكۈمرانلىققا ئىگە بولۇش، غەنىيمەتكە ئېرىشىش ۋە مەلۇم بىر شەخس ياكى مىللەتنى ئۈستۈن قىلىش ئۈرۈشى بولماستىن بەلكى پەقەت **الله** نىڭ سۆزىنىڭ ئەڭ ئالىي بولۇشى ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئۇرۇشتۇر شۇڭا مانا بۇ ۋەزىپە (يەنى دۈشمەنگە ئۇچراشقان چاغدا **الله** نى زىكىر قىلىش ۋەزىپىسى) ئەڭ قىيىنچىلىق سائەتلەردە، ئەڭ شىددەتلىك ئورۇنلاردا تېخىمۇ تەكىتلىنىدۇ. مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى جەڭ مەيدانىدا ئالاھىدە قىممەتكە ئىگە بولغان ئىلھاملار بولۇپ، بۇ ئىلھاملارنى رەببانىي تەلىمات ئىشقا ئاشۇرۇپ بېرىدۇ...

(**الله** خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# دىنى ئەھكاملار

## ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئەقىدىسى ھەققىدە چۈشەنچە

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

قۇرئاندا ئىسىملىرى بايان قىلىنغان پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ سانى 25 بولۇپ، ئۇلار:

ئادەم، ئىدرىس، نۇھ، ھۇد، سالىھ، ئىبراھىم، لۇت، ئىسمائىل، ئىسھاق، يەئقۇب، يۇسۇف، شۇئەيب، ئەييۇب، زۇلكىفل، مۇسا، ھارۇن، داۋۇد، سۇلايمان، ئىلياس، ئەلىيەسەئ، يۇنۇس، زەكەرىيا، يەھيا، ئىسا ۋە مۇھەممەد ﷺ لاردۇر (ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە **الله** نىڭ سالامى بولسۇن).

ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە شۇنداق ئىمان كەلتۈرىدۇكى، **الله تعالى** پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرنى پەزىلەتتە بىر-بىرىدىن پەرقلىق قىلغان. ئىسلام ئۈممىتى ئەلچىلەرنىڭ پەيغەمبەرلەردىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىگە ئىجماغا كەلگەن. ئەلچىلەرمۇ ئۆزئارا پەرقلىق بولۇپ، ئەلچىلەرنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى ئۈۋلۇل ئەزىم (يەنى ئالىي ھىممەتلىك) لەردۇر. ئۇلار پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ، نۇھ، ئىبراھىم، مۇسا، ئىسا (ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە **الله** نىڭ سالامى بولسۇن)دىن ئىبارەت بەش ئەلچىدۇر. بۇنىڭغا **الله تعالى** نىڭ تۆۋەندىكى ئايىتى دەلىلدۇر: ﴿**وَإِذْ أَخَذْنَا مِنَ النَّبِيِّينَ مِيثَاقَهُمْ وَمِنْكَ وَمِنْ نُوحٍ وَإِبْرَاهِيمَ وَمُوسَى وَعِيسَى ابْنِ مَرْيَمَ وَأَخَذْنَا مِنْهُمْ مِيثَاقًا غَلِيظًا**﴾ «ئۆز ۋاقتىدا بىز پەيغەمبەرلەردىن ئەھدە ئالدۇق. سەندىن، نۇھتىن، ئىبراھىمدىن، مۇسادىن، مەريەم ئوغلى ئىسادىن مەھكەم ئەھدە ئالدۇق» (سۈرە ئەھزاب 7- ئايەت). ئۈۋلۇل ئەزىمنىڭ ئەڭ ئەۋزىلى بولسا ئىسلام پەيغەمبىرى، پەيغەمبەر ۋە ئەلچىلەرگە خاتىمە بەرگۈچى، ئالەملەر رەببىنىڭ ئەلچىسى ۋە ئادەم بالىلىرىنىڭ خوجىسى مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ﷺ دۇر. **الله تعالى** بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَلَكِنْ رَسُولَ اللَّهِ وَخَاتَمَ النَّبِيِّينَ**﴾ «لېكىن (ئۇ) **الله** نىڭ پەيغەمبىرى ۋە پەيغەمبەرلەرنىڭ ئاخىرقىسىدۇر (**الله** ئۇنىڭ بىلەن پەيغەمبەرلىكنى ئاخىرلاشتۇرغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھېچقانداق پەيغەمبەر كەلمەيدۇ)» (سۈرە ئەھزاب 4- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

**الله تعالى** قۇرئان ۋە ھەدىستە ئىسمىنى ئاتىغان بولسۇن ياكى ئاتىمىغان بولسۇن ئەھلى سۈننە ۋەلجامائە ئادەم ئەلەيھىسسالامدىن تارتىپ تاكى مۇھەممەد ﷺ گىچە بولغان جىمى ئەلچى ۋە پەيغەمبەرلەرگە ئىمان مۇجمەل (يەنى قەلبىنىڭ ئېتىقادى ۋە تىلىنىڭ ئىقرارى ئارقىلىق ئومۇمىي ئىمان) ھالىتىدە ئىمان كەلتۈرىدۇ ئەمما بىزنىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ﷺ گە بولسا ئىمان مۇفەسسەل (يەنى قەلبىنىڭ ئېتىقادى، تىلىنىڭ ئىقرارى ۋە بەدەن ئەزالىرىنىڭ ئەمەلى ئارقىلىق تەپسىلىي ئىمان) ھالىتىدە ئىمان كەلتۈرىدۇ. بۇ دېگەنلىك — رەسۇلۇللاھ ﷺ **الله** تەرەپتىن ئېلىپ كەلگەن ھەر بىر ۋەھىيگە مۇسۇلمانلار تەپسىلىي ھالەتتە ئەگىشىش دېگەنلىكتۇر.

### رەسۇل (يەنى ئەلچى) بىلەن نەبى (يەنى پەيغەمبەر)نىڭ پەرقى

ئاسماندىن خەۋەر يەتكۈزۈلگەن ۋە شۇ خەۋەرنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان ھەرقانداق كىشى ئەلچى (يەنى **الله** نىڭ ئەلچىسى) دېيىلىدۇ. ئەلچىلەرگە نازىل قىلىنغان ۋەھيى ياكى شەرىئەتلەرنى ئۆزىنىڭ مۇئمىن قەۋمىگە يەتكۈزۈشكە بۇيرۇلغان ھەرقانداق كىشى نەبى (يەنى پەيغەمبەر) دېيىلىدۇ.

### مۇھەممەد ﷺ **الله** نىڭ ئەلچىسى

ئۇ — ئەبۇلقاسىم مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇللاھ ئىبنى ئابدۇلمۇتەللىب ئىبنى ھاشىم ئىبنى ماناف ئىبنى قۇسەي ئىبنى كىلاب ئىبنى مۇررە ئىبنى كەئب ئىبنى لۇئەي ئىبنى غالىب ئىبنى فىھر ئىبنى مالىك ئىبنى نەزىر ئىبنى كىنانە ئىبنى خۇزەيمە ئىبنى مۇدرىكە ئىبنى ئىلياس ئىبنى مۇزەر ئىبنى نىزار ئىبنى مەئەد ئىبنى ئەدنان بولۇپ، ئەدنان بولسا **الله** نىڭ پەيغەمبىرى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ بالىلىرىدىندۇر. رەسۇلۇللاھ ﷺ پۈتۈن پەيغەمبەرلەر ۋە ئەلچىلەرنىڭ تۈگەنچىسى بولۇپ، **الله** ئۇنى پۈتۈن ئىنسان ۋە جىن تائىپىسىگە ھەق ۋە ھىدايەت بىلەن ئالەملەرگە رەھمەت قىلىپ ئەۋەتكەن. **الله تعالى** بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿**وَمَا أَرْسَلْنَاكَ إِلَّا رَحْمَةً لِلْعَالَمِينَ**﴾ «(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق» (سۈرە ئەنبىيا 107- ئايەت).

رەسۇلۇللاھ ﷺ — قۇلچىلىق قىلىنمايدىغان قۇل، يالغانچىغا چىقىرىلمايدىغان ئەلچى، مەخلۇقاتلارنىڭ **الله** قا ئەڭ ھۆرمەتلىكراقى، دەرىجىسى ئەڭ ئۈستۈن ۋە **الله** قا ئەڭ يېقىن ۋاستە (يەنى، پەيغەمبەرگە ئەگىشىش **الله** قا ئەڭ تېز يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋاستىدۇر) بولۇپ، ئۇنىڭ شەرىئىتى پۈتۈن شەرىئەتلەر ئۈستىدىن ھۆكۈم چىقارغۇچى، ھەر زامان ھەر ماكانغا ماس كېلىدىغان، ھەر زامان ھەر ماكاننى ئىسلاھ قىلىدىغان شۇنداقلا قىيامەت قايىم بولغانغا قەدەر داۋام قىلىدىغان شەرىئەتتۇر. **الله** ئۇ پەيغەمبەرگە ئۆزىنىڭ كىتابىنى نازىل قىلدى، پەيغەمبەرگە ئۆز دىنىنى ئامانەت قويدى، ئۇنى ئەلچىلىكنى يەتكۈزۈشكە تەكلىپ قىلدى ھەمدە **الله تعالى** رەسۇلۇللاھ ﷺ نى ئەلچىلىكنى يەتكۈزۈشتە تېيىلىپ

(ئاخىرى 2- بەتتە)

(بېشى 1- بەتتە)

كېتىشتىن ساقلىدى. الله تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿وَمَا يَنْطِقُ عَنِ الْهَوَى ۞ إِنْ هُوَ إِلَّا وَحْيٌ يُوحَى ۞﴾ «(ئۇ) ئۆز نەپسى-خاھىشى بويىچە سۆزلىمەيدۇ [3]. پەقەت ئۇنىڭغا نازىل قىلىنغان ۋەھيىنىلا سۆزلەيدۇ» (سۈرە نەجم 3-، 4- ئايەت).

ھېچبىر بەندە رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ پەيغەمبەرلىكىگە ئىمان كەلتۈرمىگۈچە ئۇنىڭ ئىمانى سەھىھ بولمايدۇ. الله تعالى بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ﴿فَلَا وَرَبِّكَ لَا يُؤْمِنُونَ حَتَّى يُحَكِّمُوكَ فِيمَا شَجَرَ بَيْنَهُمْ ثُمَّ لَا يَجِدُوا فِي أَنْفُسِهِمْ حَرَجًا مِمَّا قَضَيْتَ وَيُسَلِّمُوا تَسْلِيمًا﴾ «(ئى مۇھەممەد!) پەرۋەردىگارىڭ بىلەن قەسەمكى، ئۇلار (يەنى مۇناپىقلار) ئۆز ئارىسىدىكى دەتالاشقا سېنى ھۆكۈم چىقىرىشقا تەكلىپ قىلمىغۇچە، ئاندىن سېنىڭ چىقارغان ھۆكمىڭگە ئۇلارنىڭ دىللىرىدىكى قىلچە غۇم بولىسىمۇ يوقالمىغۇچە ۋە ئۇلار پۈتۈنلەي بويسۇنمىغۇچە ئىمان ئېيتقان بولمايدۇ» (سۈرە نىسا 65- ئايەت).

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

# ھەدىس ئۈنچىلىرى

عَنْ عُقْبَةَ قَالَ صَلَّيْتُ وَرَاءَ النَّبِيِّ ﷺ: «بِالْمَدِينَةِ الْعَصْرَ فَسَلَّمَ ثُمَّ قَامَ مُسْرِعًا فَتَخَطَّى رِقَابَ النَّاسِ إِلَى بَعْضِ حُجَرِ نِسَائِهِ فَفَزِعَ النَّاسُ مِنْ سُرْعَتِهِ فَخَرَجَ عَلَيْهِمْ فَرَأَى أَنَّهُمْ عَجِبُوا مِنْ سُرْعَتِهِ فَقَالَ: <ذَكَرْتُ شَيْئًا مِنْ تِبْرٍ عِنْدَنَا فَكَرِهْتُ أَنْ يَحْبِسَنِي فَأَمَرْتُ بِقِسْمَتِهِ>» (رواه البخارى).

## ھەدىسنىڭ تەرجىمىسى

ئۇقبە ئىبنى ھارىس رضي الله عنه مۇنداق دەيدۇ: «مەن مەدىنىدە پەيغەمبەر ﷺ نىڭ كەينىدە ئەسىر نامىزى ئوقۇدۇم. پەيغەمبەر ﷺ سالام بەرگەندىن كېيىن ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ بويۇنلىرى ئارىسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈپ ئۇدۇل ئاياللىرىنىڭ بىرىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. كىشىلەر پەيغەمبەر ﷺ نىڭ تېز مېڭىشىدىن چۆچۈپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن پەيغەمبەر ﷺ چىقتى. پەيغەمبەر ﷺ ئۆزىنىڭ ئالدىراش ماڭغانلىقىدىن كىشىلەرنىڭ ئەجەبلەنگەنلىكىنى كۆرۈپ مۇنداق دېدى: <بىزنىڭ ئۆيدىكى بىر پارچە ئالتۇن ئېسىمگە كېلىپ قالغانىدى، ئۇنىڭ مەندە تۇرۇپ قېلىشىنى يامان كۆرۈپ تەقسىم قىلىۋېتىشكە بۇيرۇۋەتتىم>» («بۇخارى» 88- ھەدىس).

## ھەدىستىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، نامازغا سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن زۆرۈرىيەت تېپىلغاندا كىشىلەرنىڭ بويۇنلىرى ئارىسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى چۈنكى كىشىلەر نامازنى تۈگىتىپ سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن ئۆز ئورۇنلىرىدا تۇرۇۋېرىشقا ھېچبىر ھاجەت يوقتۇر لېكىن نامازدىن ئىلگىرى كىشىلەرنىڭ بويۇنلىرى ئارىسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈش بولسا چەكلەنگەن بولۇپ، بۇنداق قىلىش كىشىلەرگە ئەزىيەت بېرىش ھېسابلىنىدۇ، شۇ سەۋەبتىن رەسۇلۇللاھ ﷺ جۈمە كۈنى بىر كىشىنىڭ كىشىلەرنىڭ بويۇنلىرى ئارىسىدىن ئاتلاپ ئۆتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا: «ئولتۇر! چۈنكى سەن كىشىلەرگە ئەزىيەت يەتكۈزدۈڭ» دېگەن.

ئىككىنچى، ھىجرەت، جىھاد ۋە باشقىلارنىڭ ھەققى دېگەنگە ئوخشاش پەرز ئەمەللەرگە شارائىت تېپىلغان ھامان كېچىكتۈرمەي ئالدىراش پەرز لېكىن مۇستەھەب ئەمەللەرگە ئالدىراش بولسا مۇستەھەبتۇر.

ئۈچىنچى، پەيغەمبەر ﷺ نىڭمۇ پەرىشتە ئەمەس بەلكى باشقا ئىنسانلارغا ئوخشاش ئۇنتۇپ قېلىش سۈپىتىگە ئىگە ئىنسان ئىكەنلىكى لېكىن دىنىنى يەتكۈزۈشتە ئۇنتۇپ قېلىش ياكى خاتالىشىش سادىر بولسا الله ئۇنى ۋاپات قىلدۇرۇشتىن ئىلگىرى ئۇ كەمچىلىكلەرنى تۈزىتىپ بېرىدىغانلىقى.

تۆتىنچى، ئامانەتنى ئادا قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى. ئۇنىڭ جۈملىسىدىن، باشقىلارنىڭ قەرز مۇددىتى توشقان ھامان ئۇنى قايتۇرۇشقا ئالدىراشنىڭ زۆرۈرلۈكى.

بەشىنچى، ھەج، زاكات، كىشىلەرنىڭ ھەققى ۋە ئىلىم-سېتىم دېگەنگە ئوخشاش ۋاكالەتەن بېجىرىپ قويسا بولىدىغان ئىشلارغا باشقىلارنى ۋەكىل قىلىشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

# يۇلتۇزلار چىمىرلايدۇ

## بەنۇ قەينۇقا يەھۇدىيلىرىنى مۇھاسىرە قىلىش

يەھۇدىيلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ كەلگەنلىكىنى بىلگەن چاغدا قورغانلىرىغا بېكىنىۋالدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنى 15 كۈن مۇھاسىرىگە ئالدى، ئاخىرى الله ئۇلارنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ تاشلىغانلىقتىن رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھۆكۈمىگە چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنى مۇھاسىرە قىلىش تاكتىكىسى ئارقىلىق چۆچۈتۈۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشىغا شەك قىلىشقا ۋە تېڭىرقاشقا باشلىدى چۈنكى ئۇلار مۇھاسىرە جەريانىدا ھەرقانداق ياردەمدىن ئۈزۈۋېتىلگەن ۋە ئۇلار قىمىرلىيالماس ھالەتكە چۈشۈپ قالغان ئىدى. ئۇلار ئاخىرقى ۋاقىتلاردا ئۆزلىرىنىڭ قىلمىشلىرى سەۋەبىدىن تۇرمىدە ياشىغاندەك كۈن ئۆتكۈزگەن بولۇپ، قارشىلىق كۆرسىتىش ۋە سەۋرچانلىقتىن ئۈمىد ئۈزگەن ئىدى. ئەينى چاغدا ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ گە: «بىز قۇرەيشكە ئوخشىمايمىز، بىز قۇرەيشتىن كۈچلۈكمىز ۋە ئۇلاردىن بەكرەك جەڭ قىلىمىز» دەپ تەھدىت سېلىشقان ئىدى، ئەمدىلىكتە بولسا ئۇلار رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھۆكۈمىگە چۈشۈشكە مەجبۇر بولدى شۇڭا رەسۇلۇللاھ ﷺ ساھابىلارغا بۇيرۇق قىلىپ يەھۇدىيلارنى كويزا-كىشەنلەر بىلەن باغلاشقا بۇيرۇدى. رەسۇلۇللاھ ﷺ ئۇلارنى كىشەنلەشكە ئەۋس قەبىلىسىدىن مۇنزىر ئىبنى قۇدامە رضي الله عنه نى تەيىنلىدى («غزوات الرسول» 98- بەت).

## بۇ ۋەقەلىكتىن ئېلىنىدىغان پايدىلار

بىرىنچى، كاپىرلار بولۇپمۇ يەھۇدىيلار ۋە يەھۇدىيلارغا ئەگەشكەن دىنسىز كوممۇنىستلار «قايسى جايدا ئىسلامىي ھەرىكەت راۋاجلىنىپ قالىدىغاندۇ» ياكى «قايسى جايدا ئىسلامىي دۆلەت قۇرۇلۇپ قالىدىغاندۇ» دەپ قورقۇپ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەھۋالىنى كۆزىتىپ تۇرۇدىغانلىقى.

ئىككىنچى، كاپىرلار بولۇپمۇ يەھۇدىيلار ئۆزىنىڭ قەلئە ۋە قورغانلىرىدىن ئىبارەت ماددىي سەۋەبلەر ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا تەھدىت سېلىپ، مۇسۇلمانلارغا پوپوزا قىلىدىغانلىقى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ خىل پوپوزىدىن قورقۇپ پىسخىكا جەھەتتە مەغلۇبىيەتچىلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى.

ئۈچىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ ۋە ساھابىلەرنىڭ ئۇلارنى 15 كۈن مۇھاسىرە قىلىشى — ساھابىلارنىڭ شۇ ئورۇندا 15 كۈن رىباتتا تۇرۇشىنى تەقەززا قىلىدى. مانا بۇ — ھازىرقى كۈندە رىباتتا 3 كۈن، 5 كۈن ياكى 10 كۈن تۇرۇپمۇ رىباتتا تۇرۇشنى ئېغىر كۆرۈۋاتقان ھىممىتى ئاجىز مۇجاھىدلارغا ئىلھامدۇر.

تۆتىنچى، كاپىرلار بىلەن سەۋردە بەسلىشىشنىڭ زۆرۈر ئىكەنلىكى. چۈنكى، ساھابىلەر سەۋر قىلغانلىقتىن ئاخىرىدا الله كاپىرلارنىڭ قەلبىگە قورقۇنچ تاشلىدى.

بەشىنچى، مۇسۇلمانلار كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلىپ ئۆزلىرىگە ئېغىرچىلىق يەتكەندە، چوقۇم كاپىرلارغىمۇ شۇ ئېغىرچىلىق ۋە بىئاراملىق يېتىدۇ. دېمەك، ھىممىتىنى ئۆستۈرۈشنىڭ مۇھىملىقى.

ئالتىنچى، ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى كويزا-كىشەن ۋە تاقاقلار بىلەن جازالاشنىڭ دۇرۇس ئىكەنلىكى.

يەتتىنچى، رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ھەممە ئىشلارنى تەشكىلىي تەرتىپ ۋە نىزام بىلەن قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقى چۈنكى رەسۇلۇللاھ ﷺ ئەسىرلەر توپىنى باشقۇرۇشقا مەخسۇس مۇنزىر ئىبنى قۇدامە رضي الله عنه نى تۇرمە باشلىقى قىلىپ بېكىتتى.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)




# قەدىمكى ۋە ھازىرقى زاماندىكى خاۋارىجلار

(بېشى ئالدىنقى ساندا)

ئۇنىڭدىن كېيىن، ئىراقتىكى جەزىرە دېگەن جاينىڭ ئەتراپىدا مۇلەببەد ئىبنى ھەرمەلە شەيبانى دېگەن خاۋارىج خەلىپە مەنسۇرغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. ئۇ ئىنتايىن شىجائەتلىك، تەدبىرلىك، ھەرخىل جەڭ ئۇسلۇبلىرىغا ماھىر ۋە تەجرىبىلىك ئىدى. خەلىپە مەنسۇر ئۇنىڭغا قارشى خازىم ئىبنى خۇزەيمەنى 8000 كىشىلىك قوشۇن بىلەن يولغا سالدى. جەڭ ئۇزاق داۋاملىشىپ ئاخىرىدا يەنە مۇلەببەد ۋە ئۇنىڭ زور كۆپ سانلىق قوشۇنى قىرىۋېتىلدى. قالدۇق قوشۇن ئۆزىنىڭ جېنىنى ئېلىپ جەڭدىن ئاستا-ئاستا سۇغۇرۇلۇپ قېچىشتى.

ئاندىن كېيىن، مەغرىبلىكلەر ئەبۇ ھاتەم ئىبازى دېگەن خاۋارىجنىڭ رەھبەرلىكىدە خەلىپە مەنسۇرغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى. ئەبۇ ھاتەمنىڭ ئىسمى ياقۇب ئىبنى خۇبەيىب ئىدى. ئۇ ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىمۇ خەلىپە ئەۋەتكەن يەزىد ئىبنى ھاتەم باشچىلىقىدىكى 60 مىڭ كىشىلىك قوشۇن تەرىپىدىن قىرىۋېتىلدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، سەھسە ئىسىملىك بىر خاۋارىج جەزىرە دېگەن جايدا ھارۇن رەشىدكە قارشى ئىسيان كۆتۈردى. ھارۇن رەشىدنىڭ ئانىسى سەھسە ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنى قىرىپ تاشلىدى.

ئۇنىڭدىن كېيىن، ۋەلىد ئىبنى تارىف تەغلەبى دېگەن خاۋارىج ھارۇن رەشىدكە قارشى جەزىرە دېگەن جايدا ئىسيان كۆتۈرۈپ جەزىرەنى ۋە نەسىبەيىننى ئىشغال قىلىپ ئەرمىنىيە، ئەزەربەيجان ۋە ھەلۋان قاتارلىق جايلارغىچە يېتىپ باردى. ھارۇن رەشىد ئۇنىڭغا قارشى يەزىد ئىبنى مەزيەد شەيبانى باشچىلىقىدا قوشۇن ئەۋەتىپ ۋەلىدنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلدى.

## 8- پەسىل: ھازىرقى زامان خاۋارىجلىرى

### كىرىش سۆز

بىز ئىلگىرىكى بايانلىرىمىزدا خاۋارىجلارنىڭ ئۇمەييەلەر ۋە ئابباسىيلار خەلىپىلىكىگە قارشى ئېلىپ بارغان ئاغدۇرمىچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن شۇنى بايقىدۇقكى، ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى ئۆزلىرى مەقسەت قىلغان بۇ ئىككى خەلىپىلىك دۆلىتى ئىچىدە يۈز بېرىۋاتقان سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋە دىنىي شارائىتلارنى ئۆزگەرتىش ۋە ئىسلاھ قىلىش نىشانىغا قىلچىمۇ پايدىسى بولمىدى. ھەتتاكى بۇ جەرياندا ئۇلار ئۆز ئىدىيىسى بويىچە ھاكىملىق قىلىدىغان ئۆزىگە خاس بىر جەمئىيەت ياكى بىرەر دۆلەت قۇرۇشقا ھەم قادىر بولالمىدى. ئۇلارنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرى پەقەت تېزلا يۈز بېرىپ تېزلا ئاخىرلىشىدىغان قوزغىلاڭدىنلا ئىبارەت بولۇپ، بۇ قوزغىلاڭلار ئۇلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنىڭ سۇنۇشىغا ۋە مەغلۇبىيەتچى قوشۇنلىرىنىڭ ھالاك بولۇشىغا سەۋەبچى بولدى.

ئۇلار ئىسلامىي خىلاپەتنى مانا بۇ ئۇزۇن يىللار جەريانىدا كاشىلا قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئۇلار بىلەن بۇ ئىسلامىي خىلاپەت ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن توقۇنۇش ئۇلارغا ۋە باشقىلارغا ھېچبىر ئىجابىي نەتىجە ئېلىپ كەلگىنى يوق، ئەكسىچە، ئۇنىڭ نەتىجىسى — بۇ قانلىق ئىچكى ئۇرۇشلار جەريانىدا خىلاپەت دۆلىتىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى ۋە شۇ خاۋارىجلارنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتى ئوخشاشلا زەئىپلىشىشتىن ئىبارەت بولدى. ھەقىقەتەن خىلاپەت ئارمىيىسى خىلاپەت دۆلىتىنىڭ خاۋارىجلار بىلەن جەڭ قىلىش ئاسان بولغان رايونلىرىدا بۇ خاۋارىجلارنىڭ قوزغىلاڭ ھەرىكەتلىرىنى دىققەت بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بەزىبىر خاۋارىجلار خىلاپەت دۆلىتى ئىچىدىكى ئۇممانغا ئوخشاش بەزىبىر تاغلىق رايونلاردا ۋە شۇ خىلاپەتكە يىراق بولغان ئەرەب مەغرىبى رايونلىرى (مەغرىب دۆلەتلىرى ئىككى تۇرلۇك

(ئاخىرى 3- بەتتە)




# پايدىلىنىش بىلىملىرى

(چاتما ماتېرىياللار)

# ئافغانىستان ۋاخان كارىدورىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى

(بېشى ئالدىنقىساندا)

| ئىنگلىزچە | ئۇيغۇرچە | فارسچە | ۋاخىچە | قىرغىزچە |
|---|---|---|---|---|
| Summer herding camp | يايلاق/ياز پەسىللىك چارۋىچىلىق رايونى | Aylaq \Yeilaq | Aylaq | Jayloo |
| Winter settled camp or village | قىشلىق رايون ياكى يېزا | Gheshlaq | Aheshlaq | Kishlaq |
| yurt | كىگىز ئۆي | Khergah | Khergah | Boz ooyi |

فارس، ۋاخى ۋە قىرغىز تىللىرىدىكى ياۋايى ھايۋانلارنىڭ سېلىشتۇرما ئىسىملىرى

| ئومۇمىي ئىسمى | ئىلمىي ئىسمى | ئۇيغۇرچە | فارسچە | ۋاخىچە | قىرغىزچە |
|---|---|---|---|---|---|
| Leopard | Panthera pardus | يىلپىز | Palang | Palang | |
| Snow Leopard | Uncia uncia | قار يىلپىزى | Palang-e-barfi\ \ khar | | Jylbyz |
| Lynx | Lynx | مولۇن | Siah | | |
| Leopard Cat | Felis Benglensis | يىلپىزسىمان مۈشۈك | Azada palang | Azada palang | Oghuz |
| Brown Bear | Ursus arctos | قوڭۇر ئېيىق | khers | nogordum | Ayu |
| Grey Wolf | Canis lupus | كۆلرەڭ بۆرە | gork | sjapt | Karsishki |
| Red fox | Canis vulpes | قىزىل تۈلكە | rubhar | nakchir | Tulku |
| Marmot | Marmota caudate | سۇغۇر | Wynduk | Wynduk | Suur |
| Hare | Lepus Capensis | ياۋا توشقان | Khargush | | |
| Marco polo ram | Ovis ammon polii | ئارقار | kochkor | Rowsh warr | Arkhar |

ئافغانچە ئاي ناملىرى ۋە ئۇنىڭ مىلادىيە كالىندارىغا سۇندۇرۇلۇشى

| ئافغانچە ئاي ناملىرى | ئۇيغۇرچە ئوقۇلۇشى | مىلادىيە كالىندارىدىكى ئاي ناملىرىغا سۇندۇرۇلۇشى |
|---|---|---|
| Hamal | ھەمەل | 3- ئاينىڭ 21- كۈنىدىن 4- ئاينىڭ 20- كۈنىگىچە |
| Saur | سائۇر | 4- ئاينىڭ 21- كۈنىدىن 5- ئاينىڭ 21- كۈنىگىچە |
| Jawza | جەۋزە | 5- ئاينىڭ 22- كۈنىدىن 6- ئاينىڭ 21- كۈنىگىچە |
| Saratan | ساراتان | 6- ئاينىڭ 22- كۈنىدىن 7- ئاينىڭ 22- كۈنىگىچە |
| Asad | ئەسەد | 7- ئاينىڭ 23- كۈنىدىن 8- ئاينىڭ 22- كۈنىگىچە |
| Sunbullah | سۇنبۇللاھ | 8- ئاينىڭ 23- كۈنىدىن 9- ئاينىڭ 22- كۈنىگىچە |
| Mizan | مىزان | 9- ئاينىڭ 23- كۈنىدىن 10- ئاينىڭ 22- كۈنىگىچە |
| Agrab | ئەقراب | 10- ئاينىڭ 22- كۈنىدىن 11- ئاينىڭ 21- كۈنىگىچە |
| Qaus | قائۇس | 11- ئاينىڭ 22- كۈنىدىن 12- ئاينىڭ 21- كۈنىگىچە |
| Jadi | جادى | 12- ئاينىڭ 22- كۈنىدىن 1- ئاينىڭ 20- كۈنىگىچە |
| Dalwa | دەلۋە | 1- ئاينىڭ 21- كۈنىدىن 2- ئاينىڭ 19- كۈنىگىچە |
| Hud | ھۇد | 2- ئاينىڭ 20- كۈنىدىن 3- ئاينىڭ 20- كۈنىگىچە |

كارىدورنىڭ شىمالىي تەرىپى ئامۇ دەرياسى ئارقىلىق تاجىكىستانغا چېگرىلىنىدۇ، تاجىكىستاننىڭ بۇ رايونلىرى تاغلىق بەدەخشان ئاپتونوم ئوبلاستىغا تەۋە. ئۇزۇن كەتكەن ئامۇ دەرياسىنىڭ بۇ يەردىكى بۆلىكى دەريايىپەنج دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ دەريانىڭ يۇقىرى ئېقىنى پامىر رايونى بىلەن ۋاخان رايونىنىڭ تۇتاشقان جايىدا پامىر دەرياسى بىلەن قوشۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ دەريا ئاچىلىنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنىڭ ھەممىسى پامىر دەپ ئاتىلىدۇ. پەنج دەرياسىنىڭ مەنبەسى زور كۆلى بولۇپ، بۇ كۆل ئامۇ دەرياسى بىلەن ئۇش دەرياسىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسىدۇر.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)

.............❁❁❁❁❁❁❁.............

(بېشى 2- بەتتە)

بولۇپ، بىرى، ئەرەب مەغرىبى؛ يەنە بىرى، بەربەر مەغرىبى. مەغرىب دېگەندە تۇنىس، ماراكەش ۋە ئالجىرىيە قاتارلىق يۇرتلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ)دا بىر قەدەر ئۇتۇق قازانغان بولدى. مانا بۇ خاۋارىجلار ئۆزلىرى ھاكىملىق قىلىدىغان بىر دۆلەت قۇرۇشتا نەتىجىگە ئېرىشكەن بولۇپ، ئوماندىكى ئىبازىيلەر دۆلىتى ۋە ئەرەب مەغرىبىدىكى سەفەرىيلەر دۆلىتى ئەنە شۇ خاۋارىج دۆلىتىنىڭ تىپىك مىساللىرىدىندۇر. بىز تۆۋەندىكى قۇرلاردا مانا مۇشۇ ئىككى دۆلەت ۋە ئۇلارنىڭ ئىماملىرى (يەنى رەھبەرلىرى ۋە كاتتىۋاشلىرى) ھەمدە ئىسلامىي خىلاپەتنىڭ بۇ ئىماملارغا تۇتقان پوزىتسىيىسى توغرۇلۇق قىسقىچە سۆزلەپ ئۆتىمىز.

## بىرىنچى تېما: ئوماندىكى ئىبازىي خاۋارىجلىرى دۆلىتى

ئىبازىي مەزھىبى ئومانغا دەسلەپتىلا كىرىپ ئورۇنلىشىپ، نۇرغۇن ئەگەشكۈچىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپلا قالماي، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بارغانسېرى كۆپىيىپ كەلگەن. مىلادىيە 13- ئەسىرنىڭ بېشىدا ئومان خەلقى ناھايىتى تېزلا ئىبازىي مەزھىبىنى قوبۇل قىلغان. شۇنداق قىلىپ ئىبازىي مەزھىبى ئەرەب يېرىم ئارىلىدىن ئىنتايىن يىراق بولغان شۇ تاغلىق رايونلاردا كەڭ تارقالغان چۈنكى بۇ خىل تاغلىق رايون شارائىتى ئۇلارنىڭ مۇستەقىل دۆلەت قۇرۇشىغا ياردەمچى بولغان ئىدى. ئۇلار بۇ مۇستەقىللىققا تەلپۈنۈپ كەلگەن ئىدى.

بۇ مەزھەبنىڭ بۇ جايلارغا قانداق كىرگەنلىكى ھەققىدە توختىلىدىغان بولساق، شۇنىسى مەلۇمكى، نەھرىۋان جېڭىدە زور كۆپ قىسمىدىكى خاۋارىجلار ھالاك بولغان بولسىمۇ، مەلۇم بىر قىسىم خاۋارىجلار خىلاپەت مەركىزىدىن يىراق بولغان رايونلارغا قېچىپ قۇتۇلۇۋالغان. ئۇلار ئۆزلىرىگە ئەنسارلىق قىلغان قەبىلىلەر ئارىسىدا خاۋارىج ئىدىيىلىرىنى كەڭ تارقىتىشقا كىرىشكەن. شۇنداق قىلىپ ئوماندىكى ئىبازىيە مەزھىبى بارغانسېرى كۈچەيگەن. شۇ تۇپەيلىدىن ئۇلار ئاباسىي خىلاپىتىدىن ئايرىلىپ چىققان ئۆزلىرىنىڭ ئىسمىدىكى مۇستەقىل بىر دۆلەتنى قۇرۇش پىلانىغا يۈزلەنگەن. ئۇلارنىڭ بۇ خىل دۆلەت قۇرۇشقا ئۇرۇنۇشى ھىجرىيە 129- يىلى ئۇمەييە دۆلىتىنىڭ ئاخىرقى دەۋرى ۋە ئاباسىيلار دۆلىتىنىڭ ئاۋۋالقى مەزگىللىرىدە باشلانغان. ئومانلىقلار ئۆزلىرىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى بايقىغان چاغدا خىلاپەتتىن مۇستەقىل بولۇش قەستىدە قوزغىلاڭ كۆتۈرگەن. بۇ ئىشلار خەلىپە ساففاھنىڭ دەۋرىدە ۋە ساففاھنىڭ قېرىندىشى مەنسۇرنىڭ ئىراقتا ۋالى بولغان مەزگىلىدە يۈز بەرگەن. ئۇ ئۆزى تەرەپتىن ئومانغا بىر ۋالى تەيىنلىگەن بولۇپ، ئومانلىقلار بۇنىڭغا نارازى ئىدى چۈنكى ئومانلىقلار ئىلگىرىكى خاۋارىج ئەجدادلىرىغا ئوخشاش خەلىپىلىكنىڭ ئاتىدىن بالىغا مىراس قېلىشى شەرىئەتكە خىلاپتۇر دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئومانلىقلارنىڭ نەزىرىدە ئاباسىيلار دۆلىتى ئۇمەييە دۆلىتىدىن ياخشىراق ئەمەس ئىدى شۇڭا ئوماندا قوزغىلاڭ پارتلاپ ئومانلىقلار ئۆزلىرىگە جۇلەندى ئىبنى مەسئۇد ئىبنى جىفىر ئەزدى ئىسىملىك تۇنجى ئاتالمىش خەلىپىنى سايلاپ چىققان بولۇپ، بۇ «خەلىپە» پەقەت ئىككى يىل بىر ئاي ھۆكۈم سۈرگەن چۈنكى ئۇ ئوماننى ئاباسىيلار دۆلىتىدىن مۇستەقىل قىلىۋېلىشقا ئۇرۇنغان بولغاچقا ئاباسىيلار ئۇنىڭغا قارشى خازىم ئىبنى خوزەيمىنىڭ قوماندانلىقىدا بىر قوشۇن ئەۋەتكەن. بۇ قوشۇن جۇلەندى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنى قىرىپ تاشلاپ، ئومانلىقلارنىڭ ئوماندا ئۆزلىرىگە خاس خىلاپەت قۇرۇشقا بولغان مايىللىق ھەرىكىتىنى ئۇجۇقتۇرغان. شۇنداق قىلىپ، ئومان ھىجرىيە 177- يىلغا قەدەر ئاباسىي خىلاپىتىنىڭ بىر پارچىسى بولۇپ كەلگەن.

(الله خالىسا داۋامى كېلەركى ساندا)



# جىھاد چەشمىلىرى

■ 9- ئاينىڭ 15- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرىدىن بىر قېرىندىشىمىز قەندىھار ۋىلايىتىنىڭ دامان رايونى قەندىھار ئايروپىلان ئىستانسىسىنىڭ ئەتراپىدىكى تاجاۋۇزچى ئامېرىكا ئەسكەرلىرى جايلاشقان ئورۇنغا پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 7 نەپەر ئامېرىكا ئەسكىرىنى ئۆلتۈرۈپ، بىر ئوق ئۆتمەس ماشىنىسىنى ۋەيران قىلغان.

■ 9- ئاينىڭ 16- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى سومالى بىلەن كېنىيە دۆلىتىنىڭ چېگرىسىدىكى ئىستراتېگىيىلىك ئورنى مۇھىم بولغان ئەيلۋاخ شەھىرىنى بىر نەچچە سائەت ئۆز كونتروللۇقىغا ئالغان. مۇجاھىدلار كۆپلىگەن قورال-ياراق ۋە ئەسكىريي ماشىنىلارنى غەنىيمەت ئېلىپ، ئۇ يەردىكى ھۆكۈمەت ئورگانلىرى ۋە ئەسكىريي بازىلارغا ئوت قويۇۋېتىپ ئۆزلىرى ساق-سالامەت چېكىنىپ چىققان.

■ 9- ئاينىڭ 17- كۈنى يەمەن ئەلقەئىدە مۇجاھىدلىرى ئەبيان ۋىلايىتىنىڭ ئەين رايونىدا يەمەن مۇرتەد ئارمىيىسىنىڭ ماشىنىسى كېتىپ بارغان يولغا مىنا قويۇپ پارتلىتىپ، مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىدىن 4 نى ئۆلتۈرگەن.

■ 9- ئاينىڭ 17- كۈنى ئەششاباب تەشكىلاتى مۇجاھىدلىرى شەبىيلى سەفلا ۋىلايىتىنىڭ جىلۋىن رايونىدا تاجاۋۇزچى ئۇگاندا ئارمىيىسىنىڭ ماشىنىسى كېتىپ بارغان يولغا مىنا قويۇپ پارتلاتقان، نەتىجىدە بۇ ئەسكىريي ماشىنا ۋەيران بولغان ۋە ماشىنا ئىچىدىكى ئەسكەرلەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 9- ئاينىڭ 17- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى نەنگارھار ۋىلايىتىنىڭ باتىكوت رايونىدا مۇھىم بىر ئەسكىريي مەسئۇلنى قوغدىغۇچىلىرى بىلەن بىللە ئۆلتۈرۈپ، قوراللىرىنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 9- ئاينىڭ 18- كۈنى كەچتە شام مۇجاھىدلىرى ھەلەب شەھىرىنىڭ سانائەت رايونىدا بەششار ئەسەد كاپىرلىرىنىڭ مۇھىم بىر قورال-ياراق، ئوق-دورا ساقلاش ئىسكىلاتىنى مىنا قويۇپ پارتلاتقان، نەتىجىدە مەزكۇر ئىسكىلات ئىچىدىكى ئەسكەرلەر ئۆلگەن ۋە يارىلانغان.

■ 9- ئاينىڭ 19- كۈنى مېكسىكىنىڭ بويىلا شەھىرىدە 7.1 بال يەر تەۋرەپ 248 ئادەم ھاياتىدىن ئايرىلغان. بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەش بولسا 1985- يىلى 9- ئاينىڭ 19- كۈنىدىكى 8.1 بال يەر تەۋرەشنىڭ خاتىرە كۈنىدە يۈز بەرگەن بولۇپ، يەر تەۋرەش تەسىرىدە نۇرغۇنلىغان تۇرالغۇ ئۆيلەر ۋەيران بولۇپ زور ئىقتىسادىي زىيان كۆرۈلگەن.

■ 9- ئاينىڭ 20- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى فەرياب ۋىلايىتىنىڭ ئەلمار رايونىدا مۇرتەد ئارمىيىنىڭ بىر قانچە نۇقتىلىرىغا قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە مۇرتەد ئارمىيىنىڭ مۇھىم بىر ئەسكىريي بازىسىنى ۋە 19 بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىنى فەتھ قىلغان. ئۇندىن باشقا يەنە نۇرغۇنلىغان مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، 8 نەپەر ئەسكەرنى ئەسىرگە ئالغان. نۇرغۇنلىغان قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلار غەنىيمەت چۈشكەن.

■ ھەيئەتۇ تەھرىر شام بىرلىكى ئالاھىدە قىسىم مۇجاھىدلىرىنىڭ 120 كۈن ئىچىدە ھەلەب، ئىدلىب، لازىقىيە، ھاما، ھۇمۇس ۋە دەمەشىق ۋىلايەتلىرىدە ئېلىپ بارغان جەڭ نەتىجىلىرى تۆۋەندىكىچە:

370 نەپەر بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرى ۋە شىئە رافىزىيلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، 80 نەپىرىنى يارىلاندۇرغان؛ 3 دانە تانكا، 2 دانە BMP ۋە بىر دانە زەمبىرەكنى ۋەيران قىلغان؛ 3 دانە تانكا، 2 دانە BMP ۋە كۆپلىگەن ئېغىر-يېنىك تىپتىكى قورال-ياراقلارنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 9- ئاينىڭ 24- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى پايتەخت كابۇلنىڭ ئەفشەر رايونىدا ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارشى پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە ئامېرىكا ئارمىيىسىنىڭ 3 دانە ئوق ئۆتمەس ماشىنىسىنى ۋەيران قىلغان ۋە 16 نەپەر ئەسكىرىنى جەھەننەمگە ئۇزاتقان.

■ 9- ئاينىڭ 24- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى بەلخ ۋىلايىتىدىن فەرياب ۋىلايىتىگە قاراپ ماڭغان مۇرتەد ئارمىيىنىڭ ماشىنا ئەترىتىگە قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە مۇرتەد ئارمىيىنىڭ 23 دانە ئەسكىريي ماشىنىسىنى ۋەيران قىلىپ، نۇرغۇنلىغان مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرگەن ۋە يارىلاندۇرغان. ئۇندىن باشقا يەنە 2 دانە ئوق ئۆتمەس ماشىنىسىنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 9- ئاينىڭ 25- كۈنى ھەيئەتۇ تەھرىر شام بىرلىكىنىڭ ئالاھىدە قىسىم مۇجاھىدلىرى ھەلەبنىڭ شىمالىغا جايلاشقان بەشكوي يېزىسىدىكى بەششار ئەسەد ئارمىيىسىنىڭ نۇقتىلىرىغا قارشى ئىنغىماس ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە مۇجاھىدلار بۇ نۇقتىدىكى 15 ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، ئۆزلىرى ساق-سالامەت چېكىنىپ چىققان.

■ 9- ئاينىڭ 25- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى قەندىھار ۋىلايىتىنىڭ مىۋان رايونىدىكى مۇرتەد ئارمىيىنىڭ 2 بىخەتەرلىك تەكشۈرۈش پونكىتىغا قارشى ھۇجۇم ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان، نەتىجىدە 24 نەپەر ئەسكەرنى ئۆلتۈرۈپ، 5 ئەسكىريي ماشىنىنى ۋەيران قىلغان ۋە نۇرغۇنلىغان قورال-ياراق، ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئالغان.

■ 9- ئاينىڭ 26- كۈنى بەششار ئەسەد ئارمىيىسى ھاما ۋىلايىتى مەئەن يېزىسىنىڭ ئەتراپىدىكى مۇجاھىدلارنىڭ بىر قانچە نۇقتىلىرىغا ئىلگىرىلەشكە ئۇرۇنغان. ﷲ نىڭ ياردىمى ئۇندىن قالسا مۇجاھىدلارنىڭ سابىت قەدەم تۇرۇشى بىلەن 10 دىن ئارتۇق بەششار ئەسەد ئەسكەرلىرى ئۆلگەن ۋە يارىلانغان شۇنداقلا كۆپلىگەن قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلار غەنىيمەت چۈشكەن.

■ 9- ئاينىڭ 26 - كۈنى 37 ياشلىق پەلەستىنلىك بىر قېرىندىشىمىز قۇددۇس شەھىرىنىڭ ھەرئەدەر رايونىدا ئىسرائىلىيە ئەسكەرلىرىنىڭ تەكشۈرۈش پونكىتىغا ھۇجۇم قىلىپ، ئىسرائىلىيە ئەسكەرلىرىدىن 3 نى ئۆلتۈرۈپ، بىرنى يارىلاندۇرغان. ئاخىرىدا بۇ قېرىندىشىمىز ئىسرائىلىيە ئەسكەرلىرى تەرىپىدىن ئېتىپ شەھىد قىلىنغان.

■ 9- ئاينىڭ 27- كۈنى ئافغانىستان ئىسلام ئىمارىتى مۇجاھىدلىرى قەندىھار ۋىلايىتىنىڭ مەرۇف رايونىدىكى كاپىرلارغا قارشى كەڭ كۆلەملىك جەڭ ئەمەلىيىتى ئېلىپ بارغان. بۇ جەڭ ئاۋۋال پىدائىيلىق ئەمەلىيىتى بىلەن باشلانغان بولۇپ، ئارقىدىن ھۇجۇمچى قېرىنداشلىرىمىز باستۇرۇپ كىرگەن. مۇجاھىدلىرىمىز قاتتىق جەڭ قىلىش نەتىجىسىدە بۇ رايوننى مۇكەممەل فەتھ قىلغان. جەڭ جەريانىدا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىمىز 30 دىن ئارتۇق مۇرتەد ئارمىيە ئەسكەرلىرىنى ئۆلتۈرۈپ، نۇرغۇنلىغان قورال-ياراق ۋە ئوق-دورىلارنى غەنىيمەت ئالغان.

# ئەرەب تىلى ئۆگىنىمەن

## سۆزلۈكلەر

| | |
|---|---|
| طَيِّبٌ | ياخشى |
| طَيِّبُونَ | ياخشىلار |
| خَبِيْثٌ | ئەسكى |
| خُبَثَاءُ | ئەسكىلەر |
| سَعِيْدٌ | بەختلىك |
| سُعَدَاءُ | بەختلىكلەر |
| تَعِسٌ | بەختسىز |
| تَعِسُونَ | بەختسىزلەر |
| عَزِيْزٌ | ئەزىز |
| اَعِزَّةٌ | ئەزىزلەر |
| ذَلِيْلٌ | خار |
| اَذِلَّةٌ | خارلار |

## جۈملىلەر

| | |
|---|---|
| هُوَ رَجُلٌ طَيِّبٌ جِدًّا | ئۇ ناھايىتى ياخشى كىشى |
| لَا يَذِلُّ الطَّيِّبُونَ أَبَدًا | ياخشىلار ھەرگىز خار بولمايدۇ |
| كَانَ أَبُو جَهْلٍ خَبِيثًا جِدًّا | ئەبۇ جەھىل ئۇچىغا چىققان ئەسكى كىشى |
| لَا يَنْجَحُ الْخَبِيْثُونَ | ئەسكىلەر نىجات تاپالمايدۇ |
| الْمُؤْمِنُ سَعِيْدٌ | مۇئمىن بەختلىكتۇر |
| الْمُتَمَسِّكُونَ بِالْإِسْلَامِ سُعَدَاءُ | ئىسلامغا چىڭ ئېسىلغان كىشىلەر بەختلىكلەردۇر |
| الْكَافِرُ تَعِسٌ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ | كاپىر دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەختسىزدۇر |
| أَعْدَاءُ الْإِسْلَامِ تُعَسَاءُ | ئىسلامنىڭ دۈشمەنلىرى بەختسىزلەردۇر |
| الْإِنْسَانُ عَزِيْزٌ بِالْإِسْلَامِ | ئىنسان ئىسلام بىلەن ئەزىزدۇر |
| الْعُلَمَاءُ الْمُجَاهِدُونَ أَعِزَّةٌ | مۇجاھىد ئالىملار ئەزىزلەردۇر |
| عَبْدُ الدِّرْهَمِ ذَلِيْلٌ | دەرھەمنىڭ قۇلى خاردۇر |
| الْمُنَافِقُونَ أَذِلَّةٌ فِي الدُّنْيَا وَالْآخِرَةِ | مۇناپىقلار دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە خار كىشىلەردۇر |

# ئائىلىۋى رېتسېپلار

**ئاشقازان ئاغرىقىنى داۋالاشنىڭ ئاددىي رېتسېپلىرى:**

1. قارىمۇچنى يۇمشاق سوقۇپ، مۇۋاپىق مىقداردا كاپ ئېتىپ بەرسە ئاشقازان ئاغرىقىغا شىپا قىلىدۇ (إن شَاء الله).

2. 100 گىرام خام زەنجىۋىلنى قەلەمچە قىلىپ توغراپ، 250 مىللىلىتىر ئاچچىقسۇغا چىلاپ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ، بىر ھەپتە تۇرغۇزۇپ ھەر كۈنى ناشتىدا 10 گىرامدىن ئىچىپ بەرسە ئاشقازان ئاجىزلىقىغا شىپا قىلىدۇ (إن شَاء الله).

3. 30 گىرام زەنجىۋىلنى يۇمشاق سوقۇپ، بىر دانە تۇخۇم ئارىلاشتۇرۇپ، 30 گىرام كۈنجۈت مېيىدا قورۇپ، دورىنى ئۈچكە بۆلۈپ كۈندە ئۈچ ۋاخ ئىچىپ بەرسە ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ (إن شَاء الله).

4. بىر قوشۇق ئاچچىقسۇنى ئازراق شېكەر بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قايناقسۇ بىلەن قوشۇپ ئىچىپ بەرسە ئاشقازان ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ (إن شَاء الله).

5. زەنجىۋىلنى سۇدا قاينىتىپ ئازراق ئاچچىقسۇ قوشۇپ ئىچىپ بەرسە ئاشقازان ئاغرىقىغا شىپا قىلىدۇ (إن شَاء الله).

**ئەسكەرتىش**

قېرىنداشلىرىمىزنىڭ گېزىت، رادىئو ۋە ژۇرناللىرىمىزنى ماقالە، شېئىر، سەرگۈزەشتە، تارىخ، ئەسكىريي تەلىم، جەڭ مەيدانىدىكى ئاجايىباتلار، تېببىي مەلۇماتلار... قاتارلىق ھەرخىل ژانىردىكى ئەسەرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى سەمىمىي ئىلتىماس قىلىمىز.

بۇ گېزىتنى تارقىتىشقا ياردەملەشكەن، كۈچ چىقارغان ۋە قوللاپ-قۇۋۋەتلىگەن بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا ﷲ تعالى نىڭ مەغپىرىتى، رەھمىتى ۋە بەرىكىتى بولسۇن! سالىھ دۇئالىرىڭلاردا مۇجاھىد قېرىنداشلىرىڭلارنى ئۇنۇتمىغايسىلەر!

والسلام عليكم ورحمة الله وبركاته






1. تۆۋەندىكى شېئىرىي تېپىشماقنى تېپىڭ:

بىر دوستۇم بار دۆگىلەك،
ئۆزى چاقىقان يۈگۈرەك.
بىللە ئويناپ يۈگۈرۈپ،
مەن ھارىمەن تۇگۈلۈپ.
لېكىن دوستۇم ھارمايدۇ،
زادى ئارام ئالمايدۇ.

2. «كەل-كەل» دېسەم كەلمەيدۇ،
«كەلمە» دېسەم كېلىدۇ.

3. تۆۋەندىكى ئىسلامىي تېپىشماقنى قېنى كىم توغرا تاپالايدۇ:

رەسۇلۇللاھ ﷺ نىڭ ئۈممىتىدىن خالىغان ئادەم قىلالايدىغان ئەمما بىرلا ۋاقىتتا پەقەت بىرلا ئادەم قىلالايدىغان، ئىككىنچى ئادەم قىلالمايدىغان سۈننەت ئەمەل بار، ئۇ قايسى؟

ئالدىنقى ساندىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى:

1. كۆز، قۇلاق.
2. كۆمۈر.
3. كەئبىنىڭ ئىچى.